سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام - تاشقىنلىق يىللىرى

# دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى ئۇلۇغ بايرىقنى ئېگىز كۆتۈرەيلى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراممىسى** پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئەسىر ھالقىغان نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان پەيتتە، 1997 - يىلى 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ باش لايىھەلىگۈچىسى دېڭ شياۋپىڭ ۋاپات بولدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق چەكسىز قايغۇغا چۆمدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ ئاچقان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ داۋاملىق باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەش - ئىلگىرىلىيەلمەسلىكى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك دىققىتىنى قوزغىدى.

بۇنىڭغا قارىتا، جياڭ زېمىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن مۇنداق ئېنىق جاكارلىدى: دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيەسى ئۇلۇغ بايرىقنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈش، پارتىيەنىڭ ئاساسىي لۇشىيەنىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىك كوللېكتىپىمىزنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان ئىرادىسى ۋە ئېتىقادى، شۇنداقلا پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تونۇشى ۋە ئارزۇسى.

11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيەمىز ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىللە، تەدرىجىي ھالدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسىنى ياراتتى. پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىدا «يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيەسى» ئۇقۇمى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەم بۇ نەزەرىيەنىڭ ئىلمىي ئەھمىيىتى ۋە ئاساسىي مەزمۇنى سىستېمىلىق بايان قىلىندى، بۇ نەزەرىيەنىڭ پۈتۈن پارتىيەدىكى يېتەكچى ئورنى تۇرغۇزۇلدى.

1997 - يىلى 9 - ئايدا، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايدا تۇنجى قېتىم «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى»دىن ئىبارەت ئىلمىي ئاتالغۇ قوللىنىلىپ، بۇ نەزەرىيە پارتىيەنىڭ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان بايراق قىلىندى. جياڭ زېمىن مۇنداق كۆرسەتتى: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك، دېگەن بۇ تۈپ مەسىلىنى چۆرىدەپ، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدىكى بىر قاتار ئاساسىي مەسىلىلەرگە بىرىنچى قېتىم بىر قەدەر سىستېمىلىق ھالدا دەسلەپكى قەدەمدە جاۋاب بەردى، شۇڭا ئۇ ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى. قۇرۇلتايدا ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى»دە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى پارتىيەنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى ۋە ھەرىكەت كۆرسەتمىسى قىلىپ بېكىتىلدى.

پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى ئەسىر ئالماشقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، دېڭ شياۋپىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى ئۇلۇغ بايرىقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلىشىدىكى بىر قاتار مۇھىم، زور نەزەرىيەۋى مەسىلىلەرگە ئېنىق جاۋاب بېرىپ، ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە، تەشكىلىي جەھەتتە دۆلىتىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىغان تەرەققىياتىنى تۈپ كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى.

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى زىچ چۆرىدەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، بازارنى يېتەكچى قىلىپ، مەۋقەنى شىنجاڭ ئىچىدىكى بازارنى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشقا قويۇپ، دۆلەت ئىچى بازىرىنى پائال ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ سىرتقا يۈزلىنىش تېپىدىكى چوشقا بېقىش كەسپىنىڭ ئەۋزەللىكىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش؛ تىپ ئۆزگەرتىشنى نىشان قىلىپ، تىرىقچىلىقنى كۈچەيتىپ، بازىنى ئەلالاشتۇرۇپ، چوشقا بېقىش كەسپىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكى ۋە كەسپ قاتلىمى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش؛ كارخانىنى سۇبيېكت قىلىپ، بايلىق تەقسىملەشنى ئەلالاشتۇرۇپ، پۈتۈن كەسپ زەنجىرى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، چوشقا بېقىش كەسپىنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ يېشىل بولۇشنى يۆنىلىش قىلىپ، كۆپ ئەندىزىلىك ئېكولوگىيەلىك چوشقا باقمىچىلىقى كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇپ، قىغلارنى بايلىققا ئايلاندۇرۇپ پايدىلىنىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، چوشقا بېقىش كەسپى بىلەن مۇھىتنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنى غەربىي شىمال رايونىدىكى مۇھىم چوشقا بېقىش بازىسى ۋە تاۋار چوشقا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئىناۋەتنى ئاساس قىلغان يېڭى تىپتىكى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ئىناۋەتنىڭ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىش، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتىكى ئۇللۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ياخشى ئۇرغۇتۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. قانۇن - قائىدە بويىچە، ئىسلاھ قىلىش - يېڭىلىق يارىتىش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق تۈزەش ئاساسىي پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئىناۋەتنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش قارىشى، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ پۈتۈن ھاياتلىق دەۋرىيلىكىگە سىڭدۈرۈلگەن، ئىشتىن بۇرۇنقى، ئىش داۋامىدىكى، ئىشتىن كېيىنكى تولۇق نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ھالقىلىرىنى جىپسىلاشتۇرىدىغان يېڭى تىپتىكى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، بازار تەرتىپىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلارمۇ تەتقىق قىلىندى.

# تارىم دەرياسى ئېقىن رايونى سۇچىلىق كومىتېتىنىڭ 22 - قېتىملىق يىغىنى ھەم ئېقىن رايونى دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمى بىرلەشمە يىغىنى ئېچىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىشنى پۇرسەت بىلىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇپ مۇلازىمەت قىلىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق باشقۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تارىم دەرياسى ئېقىن رايونىنى باشقۇرۇش، ئاسراش سەۋىيەسىنى يەنىمۇ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە ھەقىقىي تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: سۇ تىزگىنلەش ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، باشقۇرۇش قارىشىنى يېڭىلاپ، يۇقىرى ئېقىن، ئوتتۇرا ئېقىن، تۆۋەن ئېقىننى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئېكولوگىيەگە ئىشلىتىلىدىغان سۇنى بىرتۇتاش پىلانلاشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئېقىن رايونىنى تۈزەش قۇرۇلۇشىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئېقىن رايونىنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك يەنىمۇ كۈچەيتىپ، چوڭ ئاسراشنى ئورتاق ياخشى تۇتۇپ، چوڭ تۈزەشنى ماس ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئەڭ قاتتىق بولغان سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى، سانائەت ۋە شەھەرلەرنىڭ سۇ تېجەش ھەمدە ئېقىن رايونىنىڭ سۇ بايلىقىنى بىرتۇتاش باشقۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، سۇ ئىشلىتىش ئۇسۇلىنىڭ يىرىك بولۇشتىن تېجەشلىك، ئۈنۈملۈك بولۇشقا ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. دەريا - كۆللەردىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى مەخسۇس تۈزەش، قىرغاق لىنىيەسىنى ئاسراش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش يىرىك پىلانىنى تۈزۈش، ئېقىن رايونىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى سىستېمىلىق ئاسراش - ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تارىم دەرياسى ئېقىن رايونىغا ئېكولوگىيەلىك سۇ قويۇپ بېرىش قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئېقىن رايونىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئاسراشنى سىجىل ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئېقىن رايونىدىكى تىزگىنلەش خاراكتېرلىك تايانچ قۇرۇلۇشلارنى ئالغا سىلجىتىپ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش - ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش سىستېمىسىنى تېز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ سۇچىلىق ئاساسىنى كۈچەپ پۇختىلاپ، نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرىنى ياخشى تۇتۇپ، سۇ ئاپىتى، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. ئېقىن رايونىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمە - مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەمەلىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئەسقاتىدىغان نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، «نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش» خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى ئەزا ئورۇنلار، ئېقىن رايونىدىكى ھەرقايسى جايلار، تارماقلار مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي زىممىسىگە ئېلىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ، بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىرتۇتاش نازارەت قىلىپ باشقۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە تارىم دەرياسىنى ياخشى ئاسرىشى، ياخشى باشقۇرۇشى، ئۈنۈمدىن ياخشى پايدىلىنىشى كېرەك.

يىغىندىن ئىلگىرى لى پېڭشىن تارىم دەرياسى غول ئېقىنىنىڭ بۆگۈردىن شايارغىچە بولغان دەريا بۆلىكىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى. بۆگۈر ناھىيەسىنىڭ يېڭىبازار كۆۋرۈكى دەريا بۆلىكى، شايار ناھىيەسىنىڭ كۆكچۆل دەريا بۆلىكىدە ئېكولوگىيەلىك سۇ قويۇپ بېرىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەم «ئاقىل تارىم دەرياسى» ئېقىن رايونىنى ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش سىستېمىسى ئارقىلىق تارىم دەرياسىدىكى مۇھىم سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ يۈرۈشۈشى، مۇھىم دەريا يولى كەسمە يۈزى ۋە تېپىما كۆلگە قارىتا شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يىراق مۇساپىلىك تەكشۈردى. شايار ناھىيەسىنىڭ نۇرباغ يېزىسىدا، بۇ ناھىيەنىڭ 500 مىڭ مولۇق يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەپ كىرىمنى ئاشۇرۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن دۇڭ شىنگۇاڭ، جاۋ چىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار ئەجرىسى

# جىنايەتچىنىڭ ئاپتومات ئوقدا يىقىلغان پىداكار جەڭچى گاۋ ۋېنلياڭ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كۇنمىڭ، 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ۋاڭ يەن)** يۈننەن ئۆلكىسى ۋېنشەن جۇاڭزۇ - مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى يەنشەن ناھىيەسىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى كۆرگەزمىخانىسىنىڭ «تىنچلىق قوغدىغۇچىلىرى» تېمىدا، 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى گاۋ ۋېنلياڭنىڭ چىرايى شۇنداق ياش كۆرۈنەتتى. ئىلگىرى ھەربىي بولغان ئۇ ھەربىي سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن، يەنشەن ناھىيەسىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى بولغان، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن ئەڭ ئەشەددىي جىنايەتچىنى تۇتقاندا، قىلچە قورقماي، «قاراقچى ئۇۋىسى»غا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، جىنايەتچى بىلەن يېقىن ئارىلىقتا ئېتىشىپ، بەختكە قارشى تەرەپنىڭ ئاپتومات ئوقدا يىقىلىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

گاۋ ۋېنلياڭ، خەنزۇ، 1963 - يىلى تۇغۇلغان، يەنشەن ناھىيەسىدىن، كومپارتىيە ئەزاسى. كىچىك چېغىدا، خۇيخەي ئۇرۇشىغا قاتناشقان دادىسى گاۋ ۋېنلياڭغا خۇاڭ جىگۇاڭ قاتارلىق قەھرىمان نەمۇنىچىلاردىن ئۆگىنىش توغرىسىدا تەربىيە بەرگەن. 1979 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، گاۋ ۋېنلياڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەربىي سەپكە كىرىشكە تىزىملاتقان، ھەربىي قىسىمدا ئىپادىسى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇئاۋىن بەنجاڭلىققا تەيىنلەنگەن ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن.

1982 - يىلى 10 - ئايدا، گاۋ ۋېنلياڭ ھەربىي سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن يەنشەن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ خەلق ساقچىسى بولغان. تەزىمغا ئالدۇرغاندا دادىسى ئۇنىڭغا جېكىلەپ مۇنداق دېگەن: «بېشىڭدىكى دۆلەت گېربى دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، خەلققە ۋەكىللىك قىلىدۇ. جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى ناھايىتى خەتەرلىك، ناھايىتى مۇشكۈل، پارتىيە ۋە خەلق ئېھتىياجلىق بولغاندا، بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ئۆلۈشكە رازى بولغىن، يېرىم قەدەم چېكىنىپ ھايات قېلىشقا بولمايدۇ.» ساقچى سېپىگە كىرىپ ئىككى ئاي بولغاندا، گاۋ ۋېنلياڭ پىڭيۈەن جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، يەتتە يىل تۇرغان. يەتتە يىلدا، ئۇ خىزمەتكە سادىق بولۇپ، جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەن. 1989 - يىلى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن، گاۋ ۋېنلياڭ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ زەھەر چەكلەش ئەترىتىگە يۆتكىلىپ خىزمەت قىلغان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ھەر خىل زەھەر ئەتكەسچىلىكى دېلوسىدىن 140نى رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلىشقا قاتناشقان؛ 193 زەھەر جىنايەتچىسىنى تۇتقان؛ 33 مىڭ 829.6 گرام خېروئىن، 31 مىڭ 968.1 گرام ئەپيۇن، 15 دانە ھەر خىل مىلتىق، 69 پاي ئوق، 404 مىڭ 565 يۈەن زەھەر دەسمايىسىنى قولغا چۈشۈرگەن. خىزمەتنى ئالاھىدە ياخشى ئىشلىگەچكە، گاۋ ۋېنلياڭ كۆپ قېتىم يۇقىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن. 1990 - يىلى 6 - ئايدا، شەرەپ بىلەن بىر كومپارتىيە ئەزاسى بولغان.

1992 - يىلى 8 - ئايدا، يەنشەن ساقچىلىرى يۇقىرىنىڭ تەلىپى بويىچە پىڭيۈەن رايونىدا «قاتتىق زەربە بېرىش»نى قانات يايدۇرغان، گاۋ ۋېنلياڭ 19 - نومۇرلۇق ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن قاچقۇن جىنايەتچى ما سىلىننى تۇتۇش كىچىك ئەترىتىگە تەقسىم قىلىنغان. بۇ، ئىنتايىن جاھىل، ۋەھشىي جىنايەتچى بولۇپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان زەھەر ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەندىن كېيىن تۈرمىدىن قېچىپ كەتكەن. پىڭيۈەن رايونىغا يوشۇرۇن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ داۋاملىق قوراللىق زەھەر ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، سىرتقا چىقسىلا چوقۇم «54 تىپلىق» تاپانچا ۋە ئاپتومات ئېلىۋالغان، ھەتتا ئالاھىدە مەقسەتتە سېتىۋالغان قورۇ - جايىدىمۇ ئارىلىق تام، يوشۇرۇن يول ۋە يەككە يۈزلۈك ئەينەك قاتارلىق مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى بار ئىدى.

8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى سەھەردە، گاۋ ۋېنلياڭ سەپداشلىرى بىلەن بىللە ما سىلىننى تۇتماقچى بولغان، ئۇلار ئۇنىڭ تۇرالغۇسىغا يېقىنلاشقاندىن كېيىن نۆۋەتلىشىپ ھىمايە قىلىپ ئالدى ھويلىغا كىرگەن. گاۋ ۋېنلياڭ سەپداشلىرى بىلەن تۆر ئۆينىڭ ئىككى تەرىپىگە كەلگەندە، تۆر ئۆينىڭ دەرۋازىسى تۇيۇقسىز ئېچىلغان، ما سىلىننىڭ خوتۇنى جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرىنى بايقىغاندىن كېيىن، ما سىلىننى يوق دەپ تۇرۇۋالغان ھەم دەرۋازىنى تېز سۈرئەتتە قۇلۇپلىۋالغان. ساقچىلار دەرھال مىكروفوندا يېرىم سائەت سىياسەت تەشۋىق قىلغان، ئۇ ئامالسىز ئىشىكنى ئېچىپ خەلق ساقچىلىرىنىڭ ئاختۇرۇشىغا يول باشلىغان، لېكىن بىرىنچى قەۋەتتىن بىنانىڭ ئۆگزىسىگىچە ما سىلىننىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىگەن. ساقچىلار بىرىنچى قەۋەتكە قايتىپ چۈشكەندە، ئەھۋال ئۇشتۇمتۇت ئۆزگەرگەن! ئۆيدىن تۇيۇقسىز ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، بىر خەلق ساقچىسىنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ ئوڭدىسىغا چۈشكەن، گاۋ ۋېنلياڭ دەرھال پايدىلىق يەر شەكلىنى ئىگىلەپ، جىنايەتچىنى ئوت كۈچى بىلەن باستۇرۇپ، باشقا خەلق ساقچىلىرىنىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇشىنى ھىمايە قىلغان. ئىككى تەرەپ ئېتىشىش جەريانىدا، ما سىلىن ئۆيگە ئوت قويۇشقا باشلىغان، گاۋ ۋېنلياڭنىڭ يوشۇرۇنۇۋالغان جايىغا ئوت كېتىپ سىرتقا چېكىنگەندە، قارشى تەرەپ ئاپتومات بىلەن ئوق چىقارغان، ئۇنىڭ كېكىردىكى، بېلىنىڭ كۆپ يېرىگە ئوق تېگىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

1992 - يىلى 11 - ئايدا، جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقى گاۋ ۋېنلياڭغا 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بەرگەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى يۈننەن ئۆلكىلىك كومىتېتى ئۇنىڭغا مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، دەپ تولۇقلاپ نام بەرگەن، يۈننەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان، دەپ تەستىقلىغان.

گاۋ ۋېنلياڭ قۇربان بولغاندا، يالغۇز ئوغلى گاۋ جىجۈن ئاران تۆت ياشتا بولۇپ، ئەينى يىللاردىكى ئىشلار ئانچە ئېسىدە قالمىغاندى. پەقەت كىچىك ۋاقتىدا، ھەر يىلدىكى باللار بايرىمى، ھەر قېتىملىق ئائىلە باشلىقى يىغىنىدا باشقا ساۋاقداشلىرىغا دادىسىنىڭ ھەمراھ بولغانلىقىنى كۆرگەندە، گاۋ جىجۈننىڭ كۆڭلى يېرىم بولاتتى. «لېكىن ئاپام تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ چوڭقۇر ئانىلىق مېھرى بىلەن دادا مېھرى بوشلۇقىنى تولدۇردى.» ئۇ مۇنداق دېدى: ئاپام مېنى بېقىپ چوڭ قىلدى، كۆپ يىللاردىن بۇيان ئىزچىل تۈردە دادامنىڭ روھى بىلەن مېنى رىغبەتلەندۈردى، ئۆزۈممۇ كىچىكىمدىن تارتىپلا خەلق ساقچىسى بولۇش ئىرادىسىنى تىكلىگەندىم.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە، گاۋ جىجۈن دادىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يۈننەن ئوفىتسېرلار شۆيۈەنگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى. 2009 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ مەمۇرلۇق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، دادىسىغا ئوخشاش يەنشەن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە كىردى، بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ بىر ساقچىخانىنىڭ جىداۋيۈەنى. «مەن دادامغا ئوخشاش، تىرىشىپ بارلىق كۈچۈم بىلەن ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قوغدايمەن، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغدايمەن.» ئۇ مۇنداق دېدى: قىزىم چوڭ بولغاندا، مەن دادامنىڭ ھېكايىسىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپ، دادامنىڭ روھىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد يەتكۈزىمەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)